# ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەگەر بىر ئەر ئايالىنى ئۆزىگە هارام قىلىۋالسا، تالاق ئەمەس» دەيتتى ۋە ئاللاھ ئېيتتى: {ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدە سىلەرگە ياخشى ئۈلگە بار}

ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەگەر بىر ئەر ئايالىنى ئۆزىگە هارام قىلىۋالسا، تالاق ئەمەس» دەيتتى ۋە ئاللاھ ئېيتتى: {ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدە سىلەرگە ياخشى ئۈلگە بار}[ئەھزاب سۈرىسى: 21-ئايەت]
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئەسەرنىڭ مەنىسى: ئەگەر ئەر ئايالىغا: سەن ماڭا هارام دېسە، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزنى قىلسا، بۇ تالاق بىلەن هارام قىلىنغانغا ئوخشاش ئەمەس، ئېنىقكى، بۇ سۆز قەسەم بولۇپ، ئۇنىڭدا قەسەمنىڭ كەپپارىتى بار، ئاللاھ تائالا دېگەندەك: {ئى پەيغەمبەر! نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ساڭا هالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن هارام قىلىسەن؟ ئاللاھ ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناهايىتى مېھرىباندۇر. ئاللاھ سىلەرگە (كەپپارەت) بىلەن قەسىمىڭلاردىن چىقىشنى بەلگىلىدى} [تەھرىم سۈرىسى 1-2 - ئايەت]، يەنى مائىدە سۈرىسىدە تىلغا ئالغاندەك، ئاللاھ سىلەرنىڭ قەسەمدىن چىقىشىڭلار ئۈچۈن كەپپارەت ئادا قىلىشنى يولغا قويدى.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/58145